# ئىناۋىتىنى يوقىتىش ئەڭ چوڭ يوقىتىشتۇر

## —— لەۋزىدە تۇرمىغانلار جەزمەن مەغلۇپ بولىدۇ

□ جۇڭ شېڭ

«سەممىيلىك ئەڭ ياخشى تاكتىكا.» ۋاشىنگتوندىكى بەزى سىياسەتۋازلار ئامېرىكىنىڭ دۆلەت قۇرغۇچى تۆھپىكارى بېنجامىن فىرانكلىننىڭ بۇ ھېكمەتلىك سۆزىنى ئاللىبۇرۇن ئۇنتۇپ قالغاندەك قىلىدۇ. ئامېرىكا تەرەپ جۇڭگو ـ ئامېرىكا ئىقتىساد ـ سودا كېڭەشمىشى جەريانىدا لەۋزىدە تۇرماي، تىكىشى توختىماي، ھېلى دېگەن گېپىدىن ھېلى ئۆزى يېنىۋالدى، يۈز ئۆرۈش سۈرئىتى كىتاب ۋاراقلىغاندىنمۇ تېز بولدى. ھەتتا ئامېرىكا تاراتقۇلىرىمۇ گۇمان ۋە ئەندىشىگە تولۇپ: «جۇڭگوغا قاراتقان تاكتىكىسىنى توختىماي ئۆزگەرتىۋەرسە، ئەكسىچە ئامېرىكىنىڭ ئۆزىگە زىيان يېتىشى مۇمكىن» دېيىشتى.

جۇڭگو ـ ئامېرىكا ئىقتىساد ـ سودا يۇقىرى دەرىجىلىكلەر كېڭەشمىشى مۇساپىسىنى ئەسلەيدىغان بولساق، كىشىلەر ئامېرىكىدىكى بەزى سىياسەتۋازلارنىڭ ئاتالمىش «سودا سەنئىتى»نى تېخىمۇ ئېنىق كۆرۈۋالالايدۇ. بۇلتۇر 5 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى، جۇڭگو ـ ئامېرىكا ئىككى تەرەپ سودا ئۇرۇشى قىلماسلىق توغرىسىدا ئورتاق تونۇش ھاسىل قىلغانىدى، ئارىدىن ئاران ئون كۈن ئۆتۈپلا، ئامېرىكا تەرەپ ئاشكارا ھالدا ۋەدىسىگە خىلاپلىق قىلىپ، تاموژنا بېجى كالتىكىنى پۇلاڭلاتتى؛ بۇ يىل 5 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى، ئامېرىكا تەرەپ يەنە تاموژنا بېجى تەھدىتىنى قايتا قوزغىتىپ، ئىككى تەرەپ كېڭەشمىسىنى ئېغىر ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچراتتى. ئامېرىكا تەرەپتىكى بەزى سىياسەتۋازلار پاكىت بىلەن ھېسابلاشماي، تەپىرتارتماستىن جۇڭگوغا «چېكىندى» «ۋاز كەچتى» دېگەن بەلگىلەرنى چاپلاپ، جۇڭگو تەرەپنى «ۋەدىسىگە خىلاپلىق قىلدى» «گېپىدە تۇرمىدى» دەپ ئەيىبلىدى.

ئامېرىكىدىكى بەزى سىياسەتۋازلارنىڭ قىلغان قۇۋلۇق ـ شۇملۇقلىرى ھەقىقەتەن بەك كۆپ بولۇپ كەتتى. «نيۇ يورك ۋاقىت گېزىتى»نىڭ ئوبزورىدا: ئامېرىكا تەرەپ «كۆپ قېتىم باشقا دۆلەتلەر بىلەن يېڭى سودا بىتىمى ھاسىل قىلىشقا قوشۇلغانلىقىنى بىلدۈرگەن بولسىمۇ، لېكىن ئارقىدىنلا بۇ كېلىشىملەرنى ئەمەلدىن قالدۇرىدىغانلىقىنى تىلغا ئېلىپ، تېخىمۇ كۆپ مەقسىتىنى ئىشقا ئاشۇرماقچى بولدى» دېيىلدى. بۇ نۆۋەتلىك ئامېرىكا ھۆكۈمىتى تەختكە چىقىپلا، بىر تەرەپلىمە ھالدا ئىلگىرى ئۆزى باشلامچى بولۇپ تۈزگەن تىنچ ئوكيان ھالقىغان ھەمراھلىق مۇناسىۋەتتى كېلىشىمدىن چېكىنىپ چىقىپ، ئۇنىڭغا قاتناشقان باشقا دۆلەتلەرنى تەمتىرىتىپ قويدى؛ بۇلتۇر، ئامېرىكا يەنە بىر تەرەپلىمە ھالدا ئىران يادرو مەسىلىسى توغرىسىدىكى ئومۇميۈزلۈك كېلىشىمدىن چېكىنىپ چىققانلىقىنى جاكارلىغاچقا، كۆپ يىللىق جاپالىق سۆھبەتنىڭ نەتىجىسى «بىكارغا كەتتى»، ياۋروپادىكى بەزى دۆلەتلەر ئۇدۇللا «بەك ئۈمىدسىزلەنگەنلىكى»نى ئېيتىشتى ھەم بۇ كېلىشىمدە داۋاملىق قالىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈشتى. «دۇنيا گېزىتى» قاتارلىق سەككىز ياۋروپا تاراتقۇ تەشكىلاتىنىڭ بىر تۈرلۈك تەكشۈرۈشىدە كۆرسىتىلىشىچە، ياۋروپا ئىتتىپاقىدىكى زىيارەت قىلىنغۇچىلارنىڭ 40%تىن كۆپرەكى: ئامېرىكا ئەمدى ياۋروپا ئىتتىپاقىنىڭ ئىشەنگىلى بولىدىغان خەۋپسىزلىك ھەمراھى ئەمەس، دەپ قارىغان.

«لەۋزىدە تۇرمىدى» دېگەن يامان نامدىن ئادەتتىكى كىشىلەرنىڭ ھەممىسى ئۆزىنى قاچۇرۇش بىلەن ئاۋارە بولۇۋاتسا، نېمىشقا ئامېرىكا ھۆكۈمىتى خەلقئارا ئىشلاردا قىلچە تەپىرتارتماستىن گېپىدە تۇرمايدۇ؟ تېگى ـ تەكتىدىن سۈرۈشتۈرىدىغان بولساق، ئېھتىمال يەنە بەزى يۇقىرى ئورۇندا تۇرۇۋاتقان ئامېرىكىلىق سىياسەتۋازلار خاتا ھالدا دۆلەتلەر ئارىسىدىكى ئالاقىلىشىشنى بىر مەيدان نۆلقول سودا پۇرسەتپەرەسلىك پائالىيىتى دەپ بىلىپ، بايقىمايلا دۆلەتلەر ئارىسىدا پەقەت نۆل يېڭىدىلىق تىركىشىش بار، دەپ قاراۋاتقان بولۇشى مۇمكىن. بۇ سىياسەتۋازلار پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن ئۆز مەنپەئىتىنى ئەڭ زور دەرىجىدە چوڭايتىشنى قانداق ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن چوت سوقۇۋاتقان بولۇپ، دۆلەتنىڭ ئەخلاق ۋە ھەققانىيەت ئوبرازىنى ئاللىبۇرۇن بىر چەتكە قايرىپ قويدى. گېپىدە تۇرماي، پەقەت ئۆزىنىڭلا پايدىسىنى كۆزلىگەنلەر ئاقىۋەتتە ئۆزى تېرىغان بالانىڭ دەردىنى تارتىدۇ. ئامېرىكىدىكى بۇ سىياسەتۋازلارنىڭ ھەر قېتىملىق گېپىدە تۇرماسلىقى ئۆز دۆلىتىنىڭ ئاتاق ـ ئابرۇيىنى يەنە بىر قېتىم خورىتىش ۋە سۇندۇرۇشتىن باشقا نەرسە ئەمەس. ئامېرىكا «بايلىق» ژۇرنىلىنىڭ ئوبزورچىسى ئوتتۇرىغا قويغان: ئامېرىكا ئەمدى يەنە جۇڭگو تەرەپ بىلەن سۆھبەتلەشمەكچى بولغان تەقدىردىمۇ، جۇڭگولۇقلار ئەمدى بىردەم «جۇڭگو ئامېرىكىنى كانىيىدىن بوغۇۋاتىدۇ»، يەنە بىردەم «بىزنىڭ جۇڭگو بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىمىز ناھايىتى ياخشى» دەيدىغان ئامېرىكىلىق سىياسەتۋازلارغا يەنە ئىشىنەرمۇ؟ دېگەن سوئال كىشىنى چوڭقۇر ئويغا سالىدۇ. بۈگۈنكى كۈندە، جاھان ئەھلىدە: ئامېرىكىنىڭ ئاممىۋى ئىشەنچ بىناسىنىڭ ئۆلى ۋاشىنگتوندىكى بەزى سىياسەتۋازلارنىڭ لەۋزىدە تۇرماسلىقى سەۋەبلىك تەدرىجىي چىرىۋاتىدۇ، مۇشۇنداق كېتىۋەرسە، ئاقىۋەتتە ئىنتايىن خەتەرلىك ھالغا چۈشۈپ قالىدۇ، دېگەن ئورتاق تەسرات بار.

دۇنيا ئىقتىسادىدىن ئىبارەت بۇ بىپايان دېڭىزدا، ھەرقايسى دۆلەتلەر بار ـ يوقىنى ئۆزئارا ئالماشتۇرىدۇ، كېمىلەر ئايىغى ئۈزۈلمەي ئۆتۈشۈپ تۇرىدۇ، بۇنىڭدا ئىناۋەت يەلكىنى ۋە قائىدە لەڭگىرىگە تايىنىدىغان گەپ. ئۆزئارا ئىشىنىش خەلقئارا مۇناسىۋەتتىكى ئەڭ ياخشى يېپىشتۇرغۇچ. جۇڭگو باشقا دۆلەتلەر بىلەن بىرلىكتە سۆھبەتلىشىش، كېڭەشىشتىن پايدىلىنىشتا چىڭ تۇرۇپ، كۆپ تەرەپچىللىكنى ئاخىرغىچە يولغا قويۇشتا چىڭ تۇرۇپ، ئىنسانلار جەمئىيىتىنىڭ «ئىناۋەت تۇسمىسى»نى ئورتاق ياخشى قوغداشنى خالايدۇ. ئوخشاشلىقلاردا بىرلىككە كېلىپ پەرقلەرنى ساقلاپ قېلىش، ئوخشاشلىقلارنى مۇجەسسەملەپ، پەرقلەرنى تۈگىتىشتە چىڭ تۇرۇپ، سەممىي، چوڭقۇر سۆھبەت ئارقىلىق پىكىر ئالماشتۇرغاندىلا، جەزمەن ئىستراتېگىيەلىك ئۆزئارا ئىشەنچنى كۈچەيتىپ، دۆلەتلەر ئارىسىدىكى كەڭ دائىرىلىك ھەمكارلىقنى سىجىل ئالغا سىلجىتىپ، ھەرقايسى دۆلەت خەلقلىرىگە بەخت يارىتقىلى بولىدۇ.

جۇڭگولۇقلار «لەۋزىدە تۇرمىغان يىگىت ئەمەس» دەيدۇ، «يالغانچىنىڭ ئىشى ئوڭغا تارتمايدۇ» دېگەننى تېخىمۇ تەكىتلەيدۇ. ئۆتكەن بىر يىلدا يۈزبەرگەن ئىشلار شۇنى تولۇق چۈشەندۈرۈپ بەردىكى، ئامېرىكىدىكى بەزى سىياسەتۋازلارنىڭ گېپىدە تۇرماي، چېكىدىن ئاشقان بېسىم ئىشلىتىشى جۇڭگوغا كار قىلمايدۇ، بىھۇدە ئاۋارە بولغانلىق. قىسقىسى، ۋاشىنگتوندىكى تەدبىر بەلگىلىگۈچىلەر جەزمەن توغرا يولنى ئۆزگەرتىپ، سۆزى بىلەن ھەرىكىتىنى، تىلى بىلەن دىلىنى بىردەك قىلىپ، لەۋزىدە تۇرۇپ ۋەدىسىگە ۋاپا قىلىدىغان يولغا قايتىپ كېلىشى كېرەك.

**(شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 5 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى تېلېگراممىسى)**

(بېشى 1 ـ بەتتە)

قۇربان تۇلۇمنىڭ قىز ئەۋرىسى رۇقىيەم مەتسەيدى قۇربان تۇلۇم خاتىرە سارىيىنىڭ چۈشەندۈرگۈچىسى، ئۇ مۇنداق دېدى: «يۇرتىمىزدىكى مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ھېكايىلىرىنى سۆزلەپ تۈگەتكىلى بولمايدۇ. ئائىلىمىز ھەر ئايدا ئائىلە يىغىنى ئاچىمىز، ئەتراپىمىزدىكى قوشنىلار ۋە دوستلارمۇ قاتنىشىدۇ، بىز ھەربىر مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ھېكايىسى بىلەن تېخىمۇ كۆپ كىشىنى پارتىيەگە مىننەتدارلىق بىلدۈرۈشكە، پارتىيەنىڭ گېپىنى ئاڭلاشقا، پارتىيەگە ئەگىشىپ مېڭىشقا چاقىرىمىز».

مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنىڭ ھاياتىي كۈچى ئەمەلىيەتتە، ھەربىر جەمئىيەت ئەزاسىنىڭ كۆڭۈل قويۇپ ئاسرىشى ۋە ئاڭلىق ھەرىكىتىدە.

يوۋ لياڭيىڭ ئون نەچچە يىل ئۇيغۇر قېرىنداشلىرىدىن ئايرىلماي، ئۇلارنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ بېيىشىغا ياردەم بەردى، ئۇ تەشكىللەپ قۇرغان «مىللەتلەر ئىتتىپاقلىشىپ بىر ئائىلە كىشىلىرىدەك بولۇش» مېھىر ـ شەپقەت يەتكۈزۈش ئەترىتىنىڭ ئەترەت ئەزالىرى 1800گە يەتتى؛ قۇربان نىياز ئون نەچچە يىلنى بىر كۈندەك ئۆتكۈزۈپ، باللارغا كىچىكىدىن باشلاپ قەلبىگە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ئۇرۇقىنى چېچىش توغرىسىدا تەربىيە بەردى، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى، گوۋۇيۈەن ئۇنىڭغا «ئىسلاھات ئاۋانگارتى» دەپ نام بېرىپ، ئۇنى «مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ـ تەرەققىياتنىڭ ئەمەلىيەتتە كۆرسەتكۈچىسى» دەپ ئاتىدى؛ لوپنۇر ناھىيەسىنىڭ شىڭپىڭ يېزىسى داشى كەنتىدە، ھەر مىللەت كەنت ئاھالىلىرى «بىر نان تاپسا تەڭ يېدى»، بىرلىكتە جاپاغا چىداپ كۈرەش قىلىپ، بىرلىكتە ئىگىلىك تىكلەپ بېيىپ، قان ـ تەرى بىلەن ئەسلىدىكى قاقاس شورلۇق يەردە پۈتۈن شىنجاڭغا داڭلىق باي كەنتنى قۇردى...

باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ «ئانارنىڭ دانىسىدەك زىچ ئۇيۇشايلى» دېگەن سەممىي ئۈمىدى شىنجاڭدا رېئاللىققا ئايلانماقتا. ۋۇ دېڭيۈن، جۇماتاي ئاۋبەكىر، جۇاڭ شىخۇا، ھەنىپە ئالماخۇن... بۇ ئىسىملارغا ئالاقىدار ھەربىر مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ھېكايىسى تاغ ـ دەريالارنى تەسىرلەندۈرۈپ، كىشىلەر قەلبىنى ئىللىتىپ، ھەربىر شىنجاڭلىقنىڭ قەلبىدىكى مەنىۋى كوردىناتقا، تېخىمۇ مۇھىمى، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ قېرىنداشلاردەك ئىناق ئۆتۈپ، بىر ئائىلە كىشىلىرىدەك بولۇپ كەتكەنلىكىنى مەدھىيەلەيدىغان ناخشىغا ئايلاندى.

## ■ قوشماقلىشىپ تۇغقان بولۇشتىن چىن ھېسسىيات ئۇرغۇدى

مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ھاۋاغا ۋە قۇياش نۇرىغا ئوخشايدۇ، ئۇنىڭدىن مەنپەئەتلەنگەندە سەزمەيمىز، ئۇنىڭدىن ئايرىلىپ قالساق ياشىيالمايمىز.

بەش يىلدىن بۇيان، شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنىڭ يېتەكچىلىكىدە، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم باشتىن ـ ئاخىر دىققەتنى باش نىشانغا مەركەزلەشتۈرۈپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى خىزمىتىنى ئومۇمىي ۋەزىيەت يۈكسەكلىكىدە تۇرۇپ پىلانلاپ، مىللەتلەر بۈيۈك ئىتتىپاقلىقى بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، «مىللەتلەر ئىتتىپاقلىشىپ بىر ئائىلە كىشىلىرىدەك بولۇش» ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى بىرلەشمە دوستلۇق پائالىيىتىنى داۋاملىق چوڭقۇر قانات يايدۇرۇپ، ھەر مىللەت ئاممىنى «ئۈچ ئايرىلالماسلىق» ئىدىيەسىنى مۇستەھكەم تۇرغۇزۇشقا يېتەكلەپ، «بەشنى قەلبتىن ئېتىراپ قىلىش»نى ئۆزلۈكسىز كۈچەيتىپ، جۇڭخۇا مىللىتى ئورتاق گەۋدىسى ئېڭىنى چىڭىتقانلىقتىن، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى كەيپىياتى كۈندىن ـ كۈنگە قويۇقلاشتى.

«ئانا، يېقىندىن بۇيان سالامەتلىكىڭىز قانداقراق؟» «سالامەتلىكىم ياخشى». 5 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى چۈشتىن بۇرۇن، قوبۇقسار موڭغۇل ئاپتونوم ناھىيەلىك تۇرالغۇ ۋە شەھەر ـ يېزا قۇرۇلۇشى ئىدارىسىنىڭ باينىشىرگ مەھەللىسىدە تۇرۇشلۇق «ئەلرايىنى بىلىش، ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش، ئەلنى مايىل قىلىش» خىزمەت ئەترىتىنىڭ ئەترەت ئەزاسى يۈ ۋېنچيەن موڭغۇل مىللىتىدىن قوشماقلاشقان تۇغقىنى پۈربە بۇلغۇن بىلەن كۆرۈشكەندىن كېيىن ئۆزئارا ئەھۋال سوراشتى.

«ئۇ مېنىڭ ئوغلۇمغا ئوخشاش، بېجىرەلمىگەن ئىشلىرىمنىڭ ھەممىسىنى بۇ ئوغلۇمغا تاپشۇرىمەن» دېدى پۈربە بۇلغۇن خۇشال ھالدا مۇخبىرغا بۇ ئوغلىنى تونۇشتۇرۇپ.

تۆت يىل ئىلگىرى، پۈربە بۇلغۇن ئائىلىسىدىكىلەر باينىشىرگ مەھەللىسىگە كۆچۈپ كەلگەنىدى. ئەر ـ خوتۇن ئىككىيلەننىڭ پېنسىيەگە چىققىنىغا خېلى بولغان، ئېرىنىڭ تېنى ئاجىز، كېسىلى كۆپ، بالىنىڭ ئەقلى ئاجىز بولغانلىقتىن، ياشىنىپ قالغان پۈربە بۇلغۇن ئائىلىدىكى بىردىنبىر ئەمگەك كۈچى بولۇپ قالغانىدى.

يۈ ۋېنچيەن بۇ ئەھۋاللارنى ئىگىلىگەندىن كېيىن، پۈربە بۇلغۇن بىلەن تۇغقانلىشىپ، دائىم ئۇنىڭغا ياردەم قىلدى. «نەچچە يىلدىن بۇيان بەختىمگە يارىشا ھېلىمۇ بۇ ئوغلۇم تەرەپ ـ تەرەپكە قاتراپ يۈرۈپ، ماڭا ياردەملىشىپ ئائىلەمدىكىلەرنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىپ كەلدى» دېدى پۈربە بۇلغۇن مىننەتدار بولۇپ.

«مەن قوشماقلىشىپ تۇغقانلاشقان شۇ كۈندىن باشلاپ، مېنىڭ غېمىنى يەيدىغان تۇغقىنىمدىن بىرسى كۆپەيدى.» بۇ بىر ئادەدىي كادىرنىڭ قەلب ساداسى، شۇنداقلا «مىللەتلەر ئىتتىپاقلىشىپ بىر ئائىلە كىشىلىرىدەك بولۇش» پائالىيىتىگە قاتناشقان كەڭ كادىرلار، ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ ئورتاق قەلب ساداسى.

بىر ئائىلە كىشىلىرىدەك ئۆتۈپ، ئۆزئارا ھەمدەم بولۇش تيانشاننىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىدىكى ئەڭ تەسىرلىك كۆرۈنۈشكە ئايلاندى.

بەش يىلدىن بۇيان، ئاپتونوم رايونىمىزدا 1 مىليون 120 مىڭدىن ئارتۇق كادىر، ئىشچى ـ خىزمەتچى ئاساسىي قاتلامدىكى ھەر مىللەت ئاممىسى بىلەن قوشماقلىشىپ تۇغقان بولۇپ، بىر ـ بىرىنىڭ ھالىغا يېتىپ، كۆڭۈل بىلەن كۆڭۈلنى ئۇتۇپ، تۈرلۈك چارە ـ تەدبىرلەر ئارقىلىق ئاممىغا ياردەملىشىپ، ئامما بېجىرىلىشىنى ئەڭ ئارزۇ قىلىدىغان، ئەڭ جىددىي بېجىرىشكە تېگىشلىك، ھازىر بېجىرگىلى بولىدىغان قىيىنچىلىق ۋە مەسىلىلەرنى ھەل قىلىپ بەردى؛ قوشماقلاشقان تۇغقىنى بىلەن تاماقتا، يېتىپ ـ قوپۇشتا، ئەمگەكتە، ئۆگىنىشتە بىللە بولۇپ، شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسى ۋە پارتىيە 19 ـ قۇرۇلتىيى روھىنى ھەممە ئائىلىگىچە يەتكۈزۈپ، ھەر مىللەت ئاممىنى ئىشەنچنى چىڭىتىپ پارتىيەگە ئەگىشىپ مېڭىشقا يېتەكلەپ، باش نىشاننى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا كىشىلەر قەلبىنى مۇجەسسەملەپ، كۈچ توپلىدى.

## ■ تەرەققىياتنىڭ تولۇپ تاشقان ئېنېرگىيەسى مۇجەسسەملەندى

بەش يىلدىن بۇيان، پۈتۈن ئاپتونوم رايون يۇقىرىدىن تۆۋەنگىچە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ـ تەرەققىياتنى ئىلگىرى سۈرۈشنى مۇھىمنىڭ مۇھىمى قىلىپ، بىر نىيەتتە ھەمكارلىشىپ ئىلگىرى سۈردى.

2016 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى، «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ـ تەرەققىياتى خىزمىتى نىزامى» رەسمىي يولغا قويۇلدى، بۇ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنىڭ قانۇنچىللىق ئاساسىنى مۇستەھكەملەپ ۋە راۋاجلاندۇرۇپلا قالماي، يەنە پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنى ئىزچىللاشتۇرۇش، ئەمەلىيلەشتۈرۈش، شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي مۇقىملىقى ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىكىنى ئىلگىرى سۈرۈشتىكى مۇھىم، زور تەدبىر بولدى.

بەش يىلدىن بۇيان، ئاپتونوم رايون چوڭ ئىشلارنى كۆزلەپ، كىچىك ئىشلاردىن قول سېلىپ، قوش تىل مائارىپى ۋە مىللەتلەرنىڭ ئۆزئارا تىل ئۆگىنىشىنى زور كۈچ بىلەن ئىلگىرى سۈرۈپ، مىللەتلەرنىڭ بىر نىيەتتە ئىتتىپاقلىشىشىنى ئۈن ـ تىنسىز ئەمەلگە ئاشۇردى. خوتەن سىفەن ئالىي تېخنىكومىدا، ھەر مىللەت ئوقۇغۇچىلار بىر ياتاقتا يېتىپ، ئۆزئارا تىل ئۆگىنىپ، ئۆزئارا ياردەم بېرىپ، ئاكا ـ ئىنى، ئاچا ـ سىڭىللاردەك ئۆتتى.

ئاپتونوم رايون ئارىلىشىپ ياشايدىغان ئىجتىمائىي قۇرۇلما ۋە مەھەللە مۇھىتىغا مۇقىم تۈرتكە بولۇپ، ھەر مىللەت ئاممىنىڭ ئىتتىپاقلىشىپ ئۆزئارا ياردەم بېرىدىغان جانلىق ۋەزىيىتىنى شەكىللەندۈردى. قوبۇقسار موڭغۇل ئاپتونوم ناھىيەسىنىڭ قوبۇقسار بازىرى باينبۇلاق مەھەللىسى موڭغۇل، ئۇيغۇر، قازاق قاتارلىق كۆپ مىللەتتىن تەركىب تاپقان، مەھەللە نۆل ئارىلىق مۇلازىمەت، پىدائىيلار مېھىر ـ شەپقەت يەتكۈزۈپ ئۆزئارا ياردەم بېرىش، مېھىر ـ شەپقەت مېكرو ھەرىكىتى قاتارلىق سەككىز سۇپا قۇرۇپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى خىزمىتىنى زور كۈچ بىلەن ئالغا سىلجىتتى.

بەش يىلدىن بۇيان، جايلار، تارماقلار مول مەزمۇنلۇق، رەڭگارەڭ مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەشۋىقات تەربىيەسى ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ـ تەرەققىياتى بويىچە بەرپا قىلىش پائالىيىتىنى چوڭقۇر قانات يايدۇرۇپ، خەلق تۇرمۇشىغا كاپالەتلىك قىلىش ۋە ئۇنى ياخشىلاشنى مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشنىڭ مەۋقەسى ۋە مەقسىتى قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش قۇرۇلۇشىنى زور كۈچ بىلەن ئىلگىرى سۈردى، ھەر مىللەت ئامما ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش سىياسىتىدىن ئورتاق ھەممەھرىلەندى. مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى ئىلگىرى سۈرىدىغان بىر قاتار جانلىق ئەمەلىيەتلەر ئارقىلىق مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى كەيپىياتى تېخىمۇ قويۇقلاشتى، ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئالاقىلىشىشى، ئالماشتۇرۇشى، ئارىلىشىشى تېخىمۇ چوڭقۇرلاشتى.

تيانشاننىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىدىكى ھەممىلا جايدا مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنىڭ كىشىنى تەسىرلەندۈرىدىغان كۆرۈنۈشلىرىنى كۆرگىلى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ئىناقلىق مېلودىيەسىنى ئاڭلىغىلى بولىدۇ. ھەر مىللەت ئاممىنىڭ ئىتتىپاقلىققا ئەھمىيەت بېرىش، كىرىمنى ئاشۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرۈش، تەرەققىياتنى كۆزلەش ئارزۇسى بارغانسېرى كۈچەيدى، قول تۇتۇشۇپ تەڭ ئىلگىرىلەيدىغان قۇدرەتلىك ئاكتىپ كۈچ ئۇرغۇتۇلۇپ، ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىك باش نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا پۇختا ئاساس سېلىندى.

مىللەتنىڭ گۈللىنىشى ئۈچۈن · قەھرىمانلار، قۇربانلار شەجەرىسى

# سۇڭ چىيۈن، شۇ لىنشيا: بىرلىكتە قەسىدە پۈتكەن ئىنقىلابىي ئەر ـ خوتۇن

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، نەنجىڭ، 5 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى تېلېگراممىسى (مۇخبىر چيۇ بىڭچېڭ)** جياڭسۇ شۈجوۋنىڭ پېجوۋ شەھىرى بالۇ بازىرىدىكى جۇشەن تېغى ئېتىكىگە جايلاشقان كىچىك لوبۇتوۋ خاتىرە سارىيىدا، جۇمھۇرىيىتىمىزدىكى ئەڭ كىچىك ئىنقىلابىي قۇربان «كىچىك لوبۇتوۋ» سۇڭ جېنجۇڭ ئاتا ـ ئانىسى سۇڭ چىيۈن، شۇ لىنشيا بىلەن ئالاھىدە بىر خىل شەكىلدە «جەم بولدى».



**سۇڭ چىيۈن، شۇ لىنشيا (سولدا)نىڭ سۈرىتى.**

**□ شىنخۇا ئاگېنتلىقى تارقاتقان**

سۇڭ چىيۈن 1904 ـ يىلى جياڭسۇنىڭ پىشيەن ناھىيەسى (ھازىرقى پېجوۋ شەھىرى) بالۇ بازىرىدىكى بىر دېھقان ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. 1919 ـ يىلى 4 ـ ماي ھەرىكىتىنىڭ يالقۇنى پىشيەن ناھىيەسىنى قاپلىغاندا، سۇڭ چىيۈن تۇنجى بولۇپ ئاۋاز قوشۇپ، ۋەتەنپەرۋەرلىك ئىدىيەسىنى پائال تەشۋىق قىلغان. 1920 ـ يىلى جياڭسۇ ئۆلكىلىك 6 ـ سىفەن مەكتىپىگە ئىمتىھان بېرىپ كىرگەن. 1926 ـ يىلى 10 ـ ئايدا مەركىزىي ھەربىي سىياسىي مەكتەپنىڭ ۋۇخەن شۆبىسى، يەنى خۋاڭپۇ ھەربىي مەكتىپىنىڭ 6 ـ قارارىغا ئىمتىھان بېرىپ كىرگەن. 1927 ـ يىلى 3 ـ ئايدا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىگە كىرگەن.

شۇ لىنشيا 1904 ـ يىلى جياڭسۇنىڭ پىشيەن ناھىيەسى پېچېڭ بازىرىدىكى بىر دېھقان ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. 1924 ـ يىلى جياڭسۇ ئۆلكىلىك 3 ـ قىزلار سىفەن مەكتىپىگە ئىمتىھان بېرىپ كىرگەن. 1927 ـ يىلى 3 ـ ئايدا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىگە كىرگەن.

1928 ـ يىلى سۇڭ چىيۈن پارتىيەنىڭ تەيىنلىشى بىلەن پىشيەن ناھىيەسىگە قايتىپ، ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى پىشيەن ناھىيەلىك ئالاھىدە ياچېيكىسىنىڭ تەشكىلات كادىرى، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى پىشيەن ناھىيەلىك كومىتېتىنىڭ ئەزاسى ۋە شۇجىسى بولغان. شۇ يىلى، شۇ لىنشيامۇ پىشيەن ناھىيەسىگە قايتىپ كېلىپ، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى پىشيەن ناھىيەلىك كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، قوشۇمچە ئاياللار جەمئىيىتىنىڭ جەمئىيەت باشلىقى بولغان. 1928 ـ يىلى 10 ـ ئايدا، شۇ لىنشيا بىلەن سۇڭ چىيۈن توي قىلىپ ئىنقىلابىي ئەر ـ خوتۇن بولغان.

1929 ـ يىلى، سۇڭ چىيۈن دۇڭخەي ناھىيەسىگە بېرىپ ناھىيەلىك پارتكومنى تەشكىللەپ قۇرغان ھەم شۇجىلىق ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالغان، شۇ يىلى كۈزدە بېيجىڭغا بېرىپ، بېيجىڭ داشۆسى ئەدەبىيات فاكۇلتېتىدا سىرتتىن دەرس ئاڭلايدىغان ئوقۇغۇچى بولغان. 1929 ـ يىلى 12 ـ ئايدا، سۇڭ چىيۈن خېنەن نەنياڭدىكى ياڭ خۇچېڭ قىسمىغا بېرىپ، «ۋەنەن گېزىتى»نىڭ باش مۇھەررىرى بولغان.

1931 ـ يىلى يازدا، سۇڭ چىيۈن 17 ـ يول ئارمىيەسىنىڭ ئورگان گېزىتى «غەربىي شىمال مەدەنىيەت گېزىتى»نىڭ مۇئاۋىن گېزىتخانا باشلىقلىقىغا، قوشۇمچە باش مۇھەررىرلىككە تەيىنلەنگەن. 1935 ـ يىلى 10 ـ ئايدا، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ يوليورۇقى بويىچە، گېنېرال ياڭ خۇچېڭ ۋە 17 ـ يول ئارمىيەسىگە خىزمەت ئىشلەشنى ئاساسىي ۋەزىپە قىلغان جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى غەربىي شىمال ئالاھىدە ياچېيكىسىنى قۇرغان ھەم ئالاھىدە ياچېيكىنىڭ ھەيئەت ئەزالىقىغا تەيىنلەنگەن.

شىئەن ۋەقەسىنىڭ ئالدىدا، سۇڭ چىيۈن جاڭ شۆلياڭ، ياڭ خۇچېڭلارنىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇپ ۋەتەننى مۇنقەرزلىكتىن قۇتقۇزۇش توغرىسىدىكى سەككىز تۈرلۈك تەشەببۇسى قاتارلىق ھۆججەتلەرنى تۈزۈشكە قاتناشقان، شۇ لىنشيا ئاياللار ۋەتەننى مۇنقەرزلىكتىن قۇتقۇزۇش جەمئىيىتىنى قۇرۇشقا تەييارلىق قىلغان ھەم سۇڭ چىيۈنگە ياردەملىشىپ ئىنقىلابىي پائالىيەتلەرنى قانات يايدۇرغان. شىئەن ۋەقەسى يۈزبەرگەندىن كېيىن، سۇڭ چىيۈن «غەربىي شىمال مەدەنىيەت گېزىتى»دىن پايدىلىنىپ، ۋەقەنىڭ باشلىنىش سەۋەبى، جەريانىنى ئومۇمىيۈزلۈك تونۇشتۇرۇپ، ۋەقەنىڭ ماھىيىتى ۋە ئەھمىيىتىگە پائال باھا بېرىپ، ئىچكى ئۇرۇشنى توختىتىپ، بىردەك ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇش تەشەببۇسىنى كەڭ تەشۋىق قىلغان.

شىئەن ۋەقەسىدىن كېيىن، سۇڭ چىيۈن ئىنتايىن خەتەرلىك ئەھۋالدا قالغان. ئۇ يەنئەنگە بېرىپ ئۆگىنىش قىلغاندىن كېيىن، شىئەنگە قايتىپ خىزمىتىنى داۋاملاشتۇرغان. 1938 ـ يىلىنىڭ بېشىدا، سۇڭ چىيۈن پارتىيە تەرىپىدىن گومىنداڭ ـ كومپارتىيە ھەمكارلىقىدىكى خېبېي ئۆلكىلىك ۋاقىتلىق ھۆكۈمەتكە ئەۋەتىلىپ، سىياسىي باشقارمىنىڭ مۇئاۋىن باشقارما باشلىقى، قوشۇمچە تەشكىلات بۆلۈمىنىڭ بۆلۈم باشلىقلىقىغا تەيىنلىنىپ، 8 ـ ئارمىيە باش ئىشتابى بىلەن ئالاقىلىشىش خىزمىتىگە مەسئۇل بولغان. 1939 ـ يىلى 11 ـ ئايدا، پارتىيە تەشكىلاتى سۇڭ چىيۈننى شەنشىنىڭ غەربىي جەنۇبىدىكى جۇڭتياۋشەندە تۇرۇۋاتقان سۇن ۋېيرۇنىڭ 4 ـ جىتۇەنجۈن باش ئىشتابىنىڭ شاۋجياڭ دەرىجىلىك مەسلىھەتچىسى، قوشۇمچە باش ئىشتاب كادىرلارنى تەربىيەلەش سىنىپىنىڭ مۇئاۋىن تەلىم ـ تەربىيە باشلىقى، سىياسىي ھەربىي ئوقۇتقۇچىسى بولۇشقا ئەۋەتكەن. ئۇ قانۇنلۇق سالاھىيىتىدىن پايدىلىنىپ بىرلىك سەپ خىزمىتى بىلەن داۋاملىق شۇغۇللىنىپ، گومىنداڭ جاھىل كۈچلىرى بىلەن مۇشكۈل ھەم ئالاھىدە كۈرەش ئېلىپ بارغان.

1941 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا، سۇڭ چىيۈن، شۇ لىنشيا ۋە ئۇلارنىڭ سەككىز ئايلىق كەنجى ئوغلى سۇڭ جېنجۇڭ گومىنداڭ ھەربىي كومىتېت تەكشۈرۈش ـ ئىستاتىستىكا ئىدارىسىنىڭ ئىشپىيونلىرى تەرىپىدىن قولغا ئېلىنىپ، ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ چۇڭچىڭدىكى «بەيگۇڭگۇەن»تۈرمىسى، جازىدۇڭ ۋە گۇيجوۋدىكى شىفېڭ جازا لاگېرىغا قامالغان. تۈرمىدىكى سەككىز يىلدا، ئۇلار ئادەم قېلىپىدىن چىققان قىيىن ـ قىستاققا ۋە ھەرخىل قىيناشلارغا ئۇچرىغان، ئەمما ئۇلار ئەزەلدىن تىز پۈكمەي، باشتىن ـ ئاخىر كومپارتىيە ئەزالىرىنىڭ مۇستەھكەم ئېتىقادى ۋە كۈچلۈك ئىرادىسىنى ساقلىغان، «قەددىم ئېگىلسە بولمايدۇ ھەرگىز، گۇناھنى تىلەيدۇ قورقۇنچاقلارلا؛ يۈز يىل ياشىسامۇ ھامان بىر ئۆلۈم، پاكلىقىمنى ساقلاپ چىقىمەن دارغا».

1949 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى، سۇڭ چىيۈن، شۇ لىنشيا ئەر ـ خوتۇن ۋە ئۇلارنىڭ توققۇز ياشقا توشمىغان كەنجى ئوغلى «كىچىك لوبۇتوۋ»، گېنېرال ياڭ خۇچېڭ ئاتا ـ بالا بىلەن بىرلىكتە، چۇڭچىڭ سۇڭلىنپودا گومىنداڭ ھەربىي كومىتېتى تەكشۈرۈش ـ ئىستاتىستىكا ئىدارىسىنىڭ ئىشپىيونلىرى تەرىپىدىن ۋەھشىيلەرچە ئۆلتۈرۈلگەن.

ئۇلارنى خاتىرىلەش ئۈچۈن، 2003 ـ يىلى يەرلىك ھۆكۈمەت بۇ ئائىلىدىكى ئۈچ جاننىڭ ھايات پائالىيەتلىرىنى نامايان قىلىش ئۈچۈن، سۇڭ چىيۈن تۇغۇلغان جاي بالۇ بازىرىدا كىچىك لوبۇتوۋ خاتىرە سارىيىنىڭ قۇرۇلۇشىنى باشلىدى، 2005 ـ يىلى خاتىرە سارىيى پۈتۈپ ئېچىۋېتىلدى. پېجوۋدىكى ئوتتۇرا مەكتەپلەر دائىم ئوقۇغۇچىلارنى بۇ يەرگە كېلىپ ئېكسكۇرسىيە قىلىشقا تەشكىللەيدۇ، ئىلگىرى ـ كېيىن «كىچىك لوبۇتوۋ بىلەن باللىق دەۋرنى سېلىشتۇرۇش» «پىيونېرلار ئەترىتىگە كىرىش قەسىمى بېرىش» قاتارلىق پائالىيەتلەرنى تەشكىللەپ قانات يايدۇرىدۇ.

«پېجوۋنىڭ قىزىل مەدەنىيەت بايلىقى مول، پېجوۋ بىلەن ئالاقىدار قەھرىمانلار، قۇربانلاردىن كىچىك لوبۇتوۋ ئائىلىسىدىن باشقا يەنە ۋاڭ جې، لى چاۋشى قاتارلىقلار بار. ھەر يىلى چىڭمىڭ بايرىمى قاتارلىق بايراملاردا نۇرغۇن كىشى خاتىرىلەش ئورۇنلىرىغا كېلىپ قەھرىمانلار، قۇربانلارنى ياد ئېتىدۇ.» كىچىك لوبۇتوۋ خاتىرە سارىيىنىڭ مەسئۇلى لى پېڭنيەن قىزىل مەدەنىيەت بايلىقىدىن ياخشى پايدىلىنىپ، ۋەتەنپەرۋەرلىك تەربىيەسىنى ياخشى ئىشلەيدىغانلىقىنى بىلدۈردى.